# سەدىقە مالنى كېمەيتمەيدۇ، ئاللاھ بەندىسىگە ئەپۇچانلىقنى زىيادە قىلىدىكەن ئۇ كىشى ئەزىز بولىدۇ، ئاللاھ ئۈچۈن كەمتەر بولغان كىشىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئاللاھ تائالا يۇقىرى قىلىدۇ

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:
«سەدىقە مالنى كېمەيتمەيدۇ، ئاللاھ بەندىسىگە ئەپۇچانلىقنى زىيادە قىلىدىكەن ئۇ كىشى ئەزىز بولىدۇ، ئاللاھ ئۈچۈن كەمتەر بولغان كىشىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئاللاھ تائالا يۇقىرى قىلىدۇ».
[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سەدىقىنىڭ مالنى كېمەيتىۋەتمەيدىغانلىقىنى، بەلكى مالغا كېلىدىغان ئاپەتلەرنى يوق قىلىدىغانلىقى، مال ئىگىسىگە ئاللاھ كاتتا ياخشىلىقنى ئالماشتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى، سەدىقە قىلىش بىلەن مالنىڭ كېمەيمەستىن زىيادە بولىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى بايان قىلىپ بەردى. ئىنسان ئىنتىقام ئېلىشقا ياكى جازالاشقا قادىر بولۇپ تۇرۇغلۇق ئەپۇ قىلىۋەتسە، ئەپۇچانلىق ئۇ كىشىگە ئىززەت ۋە كۈچ-قۇۋۋەتنى زىيادە قىلىدۇ. ئىنسان بىر كىشىدىن قورقماستىن، خوشامەت قىلماستىن، بىرەر مەنپەئەت تەلەپ قىلماستىن پەقەت ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ، كەمتەر بولىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپىتى ئۇستۈنلۈك ۋە شان-شەرەپ بولىدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5512